# ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرى

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»
تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۈرۈمچى 2007 -يىلى

**图书在版编目(CIP)数据**

维吾尔民间谜语.1：维吾尔文/《维吾尔民间文学大典》编委会编. - 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2007.1
ISBN 978-7-228-10853-4

Ⅰ.维... Ⅱ.维...Ⅲ.维吾尔族 - 谜语 - 汇编- 中国 - 维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I277.8

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2007)第006258号

策　　划：阿布都热合满.艾白
艾合买提.伊明

责任编辑：艾合买提.伊明
责任校对：阿布列孜.阿巴斯
封面设计：买买提.努比提

**维吾尔民间谜语－1**（维吾尔文）
《维吾尔民间文学大典》编委会编

---

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐解放南路348号 邮编： 830001)
新疆新华书店发行
新疆新华印刷厂印刷
880×1230毫米 32开本 1.875印张
2007年1月第1版　2007年1月第1次印刷
印数：1-5000

---

ISBN 978-7-228-10853-4　定价：3.50元

پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي
ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلىز ئابباس
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

## ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرى ـ 1

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230×880 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 1.875
2007 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2007 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 5000
ISBN 978-7-228-10853-4
باھاسى: 3.50 يۈەن



پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي، ئەخمەت ئىمىن

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

# مۇندەرىجە


جۇملە، قوشاق ۋە بېيىت شەكلىدىكى تېپىشماقلار ...1
ھېسابلىق تېپىشماقلار ...............................54

# جۈملە قوشاق ۋە بېيىت شەكلىدىكى تېپىشماقلار

ئاغزى بىر، قۇيرۇقى ئىككىدۇر،
سەكرەپ چۈشسىڭىز ئوخشاشلا چوڭقۇر؟
*(ئىشتان)*

ئاق كىگىز، ئاپئاق كىگىز،
لەيلەپ يۈرەر ئۈستۈڭدە.
پۇت - قولى يوق، جېنى يوق،
ئېيتىڭلارچۇ بۇ نېمە؟
*(بۇلۇت)*

ئاق كېمە، ئاپئاق كېمە،
سۇدا ئۈزەر بۇ كېمە.
سېرىق تۇمشۇق، كەڭ تاپان،
ئېيتىڭلارچۇ بۇ نېمە؟
*(ئۆردەك)*

ئاڭا بىردىن قارىسىڭىز: ئاپئاق بىپايان،
سەپسالسىڭىز ئۇزۇن كەتكەن بىر دەريا ئاققان.
بىراق، ئۇندا كۆرۈنمەيدۇ قاتنىغان قېيىق،
سۇ ئىچىدە ھەرگىزمۇ ئۈزمەيدۇ بېلىق؟

*(چۆلدىكى ئالۋۇن)*

ئاققان سۇدەك توختىماس
كېتىۋېرەر نىشانغا.
تارازىسى ئۆمۈرنىڭ
بەك قىممەتلىك ئىنسانغا.
گەر بىلمىسەڭ قەدرىنى
قالىسەن چوڭ پۇشايمانغا؟

*(ۋاقىت)*

ئانىسى تۆۋەن، بالىسى ئۈستۈن؟

*(دەرەخ غولى ۋە يوپۇرماق)*

ئالا چاپان كىيىۋالغان،
ئۇزۇن قۇيرۇق باتۇرۇم.
«تو ـ كو ـ توك، ياپىرىم» دەپ،
يەرنى تەشكەن باتۇرۇم؟

*(خوراز)*

ئاق ئېتىم ئاسماندىن چۈشەر،
ئوت - چۆپنى يېمەس،
ئوت - چۆپ ئۈنى يەر؟
(قار)

ئانىسى بىر، بالىسى مىڭ؟
(ئاي، يۇلتۇز)

ئاش ئىچمەيدۇ مۈشۈكۈم،
سۇ ئىچمەيدۇ مۈشۈكۈم.
تاۋار - دۈردۈن ئۈستىدە
يورغىلايدۇ مۈشۈكۈم؟
(دەزمال)

ئاش، ئاشنىڭ ئىچىدە تاش
تاشنىڭ ئىچىدە يەنە ئاش؟
(ئۆرۈك)

ئاخشىمى كېلەر لەك - لەك،
ئەتىسى كېتەر سەك - سەك.
(تۈڭلۈك ياپقۇچ)

ئاسمانغا تاياق ئاتسام،
يەرگە قان چاچرايدۇ؟
(چىلان)

ئايشىگۈلدە بىرى بار،
خۇرشىدەمدە يوق.
ئابلىكىمدە بىرى بار،
ئەرشىدىندە يوق؟

*(«ئا» ھەرپى)*

ئاپئاق يۇمىلاق بىر كورا،
ئىچىدە ئىككى خىل دورا؟

*(تۇخۇم)*

ئاق ساندۇقۇم ئېچىلدى،
ئىچىدىن يىپەك شېشىلدى؟

*(كۈن)*

ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگەن ئالتە تورغاي،
ئۆمۈرۋايەت كۆكتە قونار، يەرگە قونماي؟

*(ئۇكەر)*

ئانىسى ئەگرى ـ توقاي،
بالىسى قىل يورغا؟

*(دەريا ۋە سۇ)*

ئانىسى ئۇزۇنغا ياتىدۇ،
بالىسى توغرىسىغا؟

*(ئۆي ئۆگزىسىدىكى خە ۋە جەگىلەر)*

ئانىسى تىنچ تۇرىدۇ،
بالىسى يۇمىلايدۇ؟
*(ئاشتاختا بىلەن نوغۇچ)*

ئالتۇن مۇڭگۈزلۈك تېكىچەك
ئايدا سۇ ئىچەر.
كۈمۈش مۇڭگۈزلۈك تېكىچەك
كۈندە سۇ ئىچەر؟
*(بۇغداي ۋە گۈرۈچ)*

ئاق يەردە قازان قاينايدۇ؟
*(چۈمۈلە)*
ئاق يەردە بالا ياغاچ؟
*(ئېتىز قىرى)*

ئاق ئېتىم ئاسمانغا باقار؟
*(چىغ)*

ئاكىسى ئۇكىسىنى قوغلاپ يېتەلمەيدۇ؟
*(هارۋىنىڭ ئالدى ـ كەينى چاقلىرى)*

ئاغزىدىن ئىچىدۇ، بۇرنىدىن چىقىرىدۇ؟
*(چەينەك)*

ئاغزىدا نەچچە يۈز چىشى،
بىرنى ئىككى قىلماق ئىشى؟
*(ھەرە)*

ئاي بىلەن كۈننى،
ماي بىلەن ئۇننى،
نېمە ئايرىپتۇ،
تېپىڭلارچۇ قېنى؟
*(«بىلەن»)*

ئاتا ھەم ئانىسىدا
سەللە بىلەن ساقال بار.
يېڭى تۇغقان بالىسىدا
سەللە يوقتۇر، ساقال بار؟
*(ئۆچكە بىلەن ئوغلاق)*

ئاچا، ئاچىنىڭ ئۇستىدە قاچا،
قاچىنىڭ ئۇستىدە چاپچا،
چاپچىنىڭ ئۇستىدە هام ـ هام،
هام ـ هامنىڭ ئۇستىدە مىش ـ مىش،
مىش ـ مىشنىڭ ئۇستىدە لىپ ـ لىپ،
لىپ ـ لىپنىڭ ئۇستىدە شىۋاق،

شىۋاقنىڭ ئۈستىدە قىياق،
قىياقنىڭ ئۈستىدە چۆچەك،
ئېيتىڭلارچۇ ئۇ نېمە؟
*(پۇت، قورساق، گال، ئېغىز، بۇرۇن،*
*كۆز، قاش، چاچ، بۆك، )*

ئايىغى يوق يۈرىدۇ،
سىلىق - سىلىق كۈلىدۇ؟
*(سۇ)*

ئانىسى شالدىر - شاپ،
بالىسى شىلدىر شېكەر؟
*(ئۈجمە)*

ئانىسىدىن بالىسى يۈگۈرۈك؟
*(ئوق)*

ئالدى يامغۇر، كەينى قار؟
*(چېكىت ئايرىيدىغان چىغرىق)*

ئالتۇن قوچقار مۈڭگۈزى،
بۇغا - مارال تېرىسى؟
*(قارا كىگىز ئۆي)*

ئالىيېشىل تونى بار،
قانغا تولغان قورسىقى.
قاپقارادۇر بالىلىرى،
شۇنچە نۇرغۇن سانىقى؟

(تاۋۇز)

ئالا تونۇمنىڭ يامىقى بار،
تىكچى يوق؟

(سېغىزخان)

ئاغزى بار،
جېنى يوق.
قۇيرۇقى بار،
يۇڭى يوق.
يۇگۇرىدۇ ئاق يەردە،
قالدۇرىدۇ قارا ئىز.
قوش تىلىدىن،
تۆكۈلىدۇ سۆز؟

(قەلەم)

ئاق يەرگە قارا پۇرچاق چېچىپتۇ؟

(قەغەز، خەت)

ئاق داستىخان سېلىۋالدىم،
ئالەم ئىچى ئاقاردى؟

*(قار)*

ئاق تۆگەمنىڭ بويى ئۇزۇن؟

*(يول)*

ئاسمانغا چىقسا ياللىدە،
يەرگە چۈشەر تاققىدە؟

*(كەتمەن)*

ئاتسام چالما ئاسمانغا،
قىزىل مۆلدۈر تۆكۈلدى؟

*(چىلان)*

ئاستىمۇ تاغ، ئۈستىمۇ تاغ،
ئوتتۇرىسى مەخمەل ئېدىر؟

*(تاماق، تىل)*

ئاخشىمى كېلەر ئەگلىكىم،
كۈندۈزى كېتەر لەگلىكىم؟

*(ئاي)*

ئاخشىمى كېتەر، ئەتىسى كېلەر؟

*(كۈن)*

ئاتىسى ياتار توغرا،
ئاپىسى يورغا.
قىزى ئۇسسۇلچى،
ئوغلى ئويۇنچى؟

(كۆۋرۈك، سۇ، بېلىق، پاقا)

ئاتقا مىنمەس،
ياياق يۈرمەس،
بۇرنى بىر،
قۇلىقى كىر؟

(ئىشۈرىق)

ئاتتىن ئېگىز،
ئىتتىن پەس؟

(ئېگەر)

ئاق چېچەك قىسقان ئانىسى،
بالىسىنى بالغا ئوراپ ئۆلتۈرىدۇ قارىسى؟

(ئۆرۈك)

ئاخشام كېتەر لەگلەك،
ئەتىگەن كېلەر سەكسەك.
ئۇ نېمە؟

(كۈندۈز)

ئاقتامدا قارا ئارغامچا.
ئۇ نېمە؟
(چۇمۇله)

ئاق داستىخان ئۈستىدە،
قارا مېھمان ئوينايدۇ.
تۇمشۇقىدا گۈل چېكىپ،
ئۇن چىقارماي سايرايدۇ؟
(قەلەم)

ئايلىنىدۇ - ئايلىنىدۇ ئۆز ئوقىدا،
ئايلانغىنى سېزىلمەيدۇ ھېچ ۋاقىتتا.
(يەر شارى)

ئاشلىق ، ئوت - چۆپ يېمەستىن
ئىشلەپ كېتەر كارامەت.
ئۇنىڭ بىلەن دېھقانلار
كۆپلەپ ئالۇر دارامەت؟
(كومباين)

ئاق كرىستال چاپىنى
نېپىز پاكىچۇ كۆڭلىكى.
لەگپۇڭ قورساق، دومىلاق،

سېرىق ياغدەك يۇرىكى.
باردۇر ئۇنىڭ بەدەنگە
بىر پاقلانچە قۇۋۋىتى؟

(تۇخۇم)

ئايىغى يوق يۈرىدۇ،
ئۆزى يىراقتىن كېلىدۇ.
ئاغزى يوق سۆزلەيدۇ،
ساڭا سالام بېرىدۇ؟

(خەت ـ چەك)

ئاجايىپ بىر جانىۋار بار،
تولا ئۆيدىن تېپىلار.
تېپىپ قويسا چىرقىراپ،
ئىككى پۇتى پىرقىراپ.
يېقىن قىلار يىراقنى،
بىلمەس ئاغرىق ـ سىلاقنى.
بىر ئادەمگە باب نېمە،
تېپىڭلارچۇ ئۇ نېمە؟

(ۋېلىسىپىت)

ئاجايىپ بىر جانىۋار،
تاشتىن قاتتىق تونى بار.

دەسسەپ ئۆتسە تراكتور،
پىسەنت قىلماي جىم تۇرار؟
(تاشپاقا)

ئەۋرىگەي، سەۋرىگەي،
ھەرگىز ئۆيگە كىرمىگەي؟
(ھارۋا)

ئەلنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىزا تارتماي سىيدۇ؟
(چۆگۈن)

ئەتىگەندە قوپۇپ ئىككى ئاچا يولغا ماڭىدۇ؟
(پۇت بىلەن ئىشتان)

ئەسلى ئۆزى سۇ ئۇنىڭ،
قىشتا سۇ دەپ ئاتالماس.
سۇغا سالساڭ لەيلەيدۇ،
لېكىن يازدا ياشالماس؟
(مۇز)

ئەسلى ئۆزى سۇ بولسىمۇ،
لېكىن كۆكتە ئوينايدۇ.
يازدا يامغۇر، قىشتا قار بوپ،
يەر يۈزىنى بۇلغايدۇ؟
(بۇلۇت)

ئەللىك ـ ئاتمىش ئەسكىرىم،
پەن ئۆيۈمگە سولاقلىق.
ئېچىپ كىرسەم ئىشىكنى،
بېشى قارا بوياقلىق؟

(سەرەڭگە)

ئەجەب يوغان بىر ئۆكۈز،
ماڭلىيىدا بىرلا كۆز.
پۈشۈلدايدۇ، مۆرەيدۇ،
مەن كەلدىم دەپ توۋلايدۇ.
بوغۇم ـ بوغۇم قۇيرۇقى،
نەچچە يەردە ئۇلىقى.
كېچە ـ كۈندۈز، قىش ۋە ياز،
ماڭىدۇ ئۇ بەكمۇ ساز؟

(پويىز)

ئەلمۇ كۆكىرەر،
يەرمۇ كۆكىرەر.
گەر بولمىسا ئۇ،
هاياتلىق تۈگەر.
دېهقان تاغىلار،
سائەت دەپ بىلەر؟

(كۈن)

ئەتىگەندە تۆت پۇتلۇق،
چۈشتە ئىككى پۇتلۇق.
كەچتە ئۈچ پۇتلۇق؟
*(ئىنساننىڭ ئۆمىلىگەن، ماڭغان ۋە*
*قېرىغاندا ھاسىغا چۈشكەن ۋاقتى)*

ئەتىيازدا ياشىرىدۇ،
كۈزدە تاشلىنىدۇ؟
*(يوپۇرماق)*

ئەتىگەندە كېتىپ، ئاخشىمى كېلىدۇ،
ھېسابىنى ھېچكىم ئالالماس؟
*(يۇلتۇز)*

بارچە قۇشلار ئىچىدە،
ئىسمى بەكمۇ قاملاشقان.
دەل ـ دەرەخنى داۋالاپ،
تىنىم تاپماس ھېچقاچان؟
*(تۆمۈرتۇمشۇق)*

بەزىسى تاياق،
بەزىسى قاپاق.

نۇر چاچسا ئاپئاق،
يورۇيدۇ ھەر ياق؟
(ئېلېكتر چىراغ)

بۇلبۇلدىن يوغان،
تۆمۈر ئۇستىخان،
ئىچىدە ئۇچلا،
يۈرىكى تۇرغان.
بۇراپلا قويساڭ،
شوخ سايراپ تۇرغان؟
(سىمسىز رادىئو)

بۇگۈن تۇرسا كۆكىرىپ،
ئەتە تۇرار سارغىيىپ.
تەمى ئۇنىڭ ناۋاتتەك،
قالار ئاغزىڭدا ئېرىپ؟
(قوغۇن)

بىر نەرسەم بار، جېنى بارۇ، ئېگىز ئۇچماس،
ماڭغان چاغدا پۇتلىرى يەرگە تەگمەس.
يەر بىلەن ئاسمانغىچە ئوت يانسىمۇ،
تىرناقچىلىك ھېچبىر يېرى ئوتتا كۆيمەس؟
(بېلىق)

بىر قۇشۇم بار دان يېمەيدۇ،
چايناپ بەرسەم نان يېمەيدۇ؟
*(ئايروپىلان)*

بۇرنىدا بار يىڭنىسى،
يۈزىدە بار تۈگمىسى.
تەگسە يىڭنە تۈگمىگە
قىزىپ كېتەر نەغمىسى؟
*(پاتېفون)*

بىر پادىشاھ بار ئىكەن، تۆت كۆزى بار،
ھەر كۆزىگە قارايدىغان تۆت ۋەزىرى بار.
تۆت قوماندان ئاشىق ئىكەن تۆت قىزىغا
ئوتتۇز ئالتە نۆكەرلىرى جەڭگە تەييار؟
*(قارتا)*

بىر قۇشۇم بار، بۇ ئۆينى ماكان ئەتكەن،
قىز - ئوغۇللار ئۈنىڭ ئۈچۈن خىزمەت ئەتكەن.
قولىغا قەلەم ئالماي خەت يازىدۇ،
كېلىپ تۇرار تۇرلۇك ھەرپ ھەر بىر چەتتىن؟
*(خەت بېسىش ماشىنىسى)*

بىر ئۆيدە يىگىرمىلا ئادەم تۇرار،
ھەممىسىدىن ئىپار ئەمەس، زەھەر چىقار.

كىمكى ئۇنى دوست تۇتۇشنى ئادەت قىلسا،
هامان بىر كۈن بىر بالاغا ئۇچرىتار؟

*(قاپلىق تاماكا)*

بىرىنىڭ بىر ئوغلى، بىر قىزى بار،
بىلىدۇ ئىككىسىنى دۇنيا يۈزى.
يوقلايدۇ ئوغلى كۈننى، قىزى تۈننى،
يۈرگەندە بىلىنمەيدۇ باسقان ئىزى؟

*(كۈن ۋە ئاي)*

بىر ساندۇقتا قامالغان سانسىز جانىۋار،
ھەر بىرىنىڭ بېشىدا ئوخشاش مەڭ بار.
سۈركەپ قويسا يان تەرەپكە بېشىنى،
«ۋاژژىدە» قىپ ئۇ جانىۋار ئوت بوپ يانار؟

*(سەرەڭگە)*

بىر نەرسەم بار، ساندۇق ئوخشاش تۇرار ئۆزى،
ئادەملەرگە ئاڭلىنىدۇ ئېيتقان سۆزى.
تاۋۇشى ئېنىق بولۇپ چىققان بىلەن،
كۆرۈنمەيدۇ باش ـ ئايىغى ، ئىككى كۆزى؟

*(رادىئو)*

بىر كىتابىم بار،
ئۈچ يۈز ئاتمىش بەش بەت.
كۈندە ئوقۇيمەن،
ئارانلا بىر بەت.
ئىشخاناڭدا بار ،
تاپالمىساڭ سەت؟

*(كالېندار)*

بىر مۈشۈك بار، جېنى يوق،
بىراق ئۆينى باقىدۇ.
قايتىپ كېلىپ ئىگىسى،
تۆمۈر قوزۇق قاقىدۇ.
قوزۇقىمۇ خاس ئۇنىڭ،
ئۆزىگىلا ماس ئۇنىڭ ،
تاپقىن ئۇنى تېزلىكتە،
رولى چوڭدۇر راست ئۇنىڭ؟

*(قۇلۇپ)*

بېلى دائىم باغلاقلىق،
تەييار تۇرار خىزمەتكە.
پاكىزلىقنى ياقتۇرار،
ئەجەبمۇ ئۆچ ئەخلەتكە؟

*(سۈپۈرگە)*

بېشىپ قويساڭ چىرقىرار،
تېپىپ قويساڭ غىرقىرار؟
(ماشىنا)

بىر ھويلىدا ئىككى ئۆيلۈك كىشى،
بىرىدە ئاز، بىرىدە كۆپ كىشى.
بىرى ئۆتۈپ، بىرىپ ـ كېلىپ،
ھېساب ـ كىتاب قىلماس نېسى؟
(چوت)

بىر قۇشۇم بار قېنى يوق،
قانىتىنىڭ سانى يوق.
ئادەم بىلەن سۆزلىشەر،
ئەقلى بارۇ، جېنى يوق؟
(كىتاب)

بىر بۇقام بار،
بۇقىلارنىڭ پالۋىنى،
سۆرەپ ماڭار قىرىق ـ ئەللىك ھارۋىنى.
سىغار ئاڭا بىر شەھەرنىڭ ئادىمى،
تېپىڭلارچۇ، قانداق نەرسە ئۇ قېنى؟
(پاراۋوز)

بىر بەرگىدە بولىدۇ،
سان ـ ساناقسىز مېۋىسى.

يېسەڭ شۇنچە لەززەتلىك،
تىلنى يارار شىرنىسى؟

*(ئۈزۈم)*

بىر بېشىدا نەيزىسى،
بىر بېشىدا دوپپىسى.
ئىز چۈشۈرسە نەيزىسى،
ئۆچۈرۈپ ماڭار دوپپىسى؟

*(قېرىنداش)*

«بىر» دېۋىدىم، ئىككى تاغ ئۆرۈشتى،
«ئىككى» دېۋىدىم، يىراق تۇرۇشتى؟

*(كالپۇك)*

بېشى تارغاق،
قۇيرۇقى ئورغاق؟

*(خوراز)*

بىر دوستۇم بار دۈگىلەك،
ئۆزى چاققان يۈگۈرۈك.
بىللە ئويناپ يۈگۈرۈپ،
مەن ھارىمەن تەرلەپ.
لېكىن دوستۇم ھارمايدۇ،
زادى ئارام ئالمايدۇ؟

*(توپ)*

بىر ئاجايىپ قۇش ھەممىگە تونۇش،
ھاجەت ئەمەستۇر دەرەخقە قونۇش؟

*(ئايروپىلان)*

بېشى بارۇ، چېچى يوق، كۆزى بارۇ، قېشى يوق،
تېز ماڭىدۇ، پۇتى يوق، سۇ بولسىلا قارنى توق؟

*(بېلىق)*

ئاجايىپ ئەلچى بار،
پۇتسىز مېڭىپ كېلىدۇ.
قۇلىقىغا سۆزۈڭنى —
دېسەڭ ئېلىپ كېتىدۇ؟

*(تېلېفون)*

باغقا كىردىم، چىقاي دېسەم شوتا يوق،
گۈلنى ئۈزدۈم، ئۈزگەن يەرنىڭ ئىزى يوق؟

*(گۆر ۋە جاننىڭ چىقىشى)*

باغدا بولايمان،
سۇدا سۇلايمان،
كۆلدە كۇلايمان؟

*(بۇلبۇل، بېلىق ۋە قۇلۇلە)*

بايىنىڭ بالىسى تولكە توماقلىق؟

*(قومۇش)*

بارمۇ، يوقمۇ، ئۇنى ئىنىق كۆرمەيسەن،
ئۇ يوق يەردە زادى ئۆمۈر سۈرمەيسەن؟

*(ھاۋا)*

باقسام ـ باقسام مۈڭگۈز چىقمايدۇ؟

*(ئادەم)*

بالىسى ئانىسىنى ئۇرىدۇ؟

*(ھاۋانچا)*

باغلىنىۋالغان ئالا شايى،
ئۆزى تاغنىڭ پادىشاھى؟

*(يولۋاس)*

بوۋاي كەلدى پالتىسىز،
كۆۋرۈك سالدى تاختىسىز؟

*(مۇز)*

بۇ گىلەم، بۇ بىر گىلەم،
قاقاي دېسەم ئىغىر گىلەم؟

*(تورۇس)*

بۇ تېرەك، زىلۋا تېرەك،
ئادەم ئاڭا چىقماق كېرەك.
بۇ تېرەككە چىقىشقا،
چۇمۇلىدەك ئادەم كېرەك؟

*(قومۇش)*

بۇقا بويۇنلۇق، چىۋىن قاناتلىق،
تېپىڭ ئۇ نېمە، تۆگە ئاياغلىق؟

*(قارا چۇمۇلە)*

بېشى يوغان قاپاقتەك،
پۇتى ئىنچىكە ساپاقتەك.
ئۇچىيى قورسىقىنىڭ تېشىدا،
قۇلىقى پۇتىنىڭ ئۇچىدا؟

*(دۇتار)*

بېلى باغلاقلىق،
تۇلكە تۇماقلىق؟

*(سۇپۇرگە)*

بېلىق سىرتلىق، ئىككى باغرىلىق،
ئالتە پۇتى بار، ئۆچكە مۈڭگۈزلۈك؟

*(چېكەتكە)*

بىلىم ـ بىلىم بىلىمات، بىلى سۇنۇق تورۇق ئات،
تاغقا چىقسا تېيىلماس، مۇزدا ماڭسا ئويۇلماس؟
*(چۇمۇلە)*

بېشىدىن باسقان، كېنىدىكىدىن ئاسقان؟
*(تارازا)*

بېشى سوزۇنچاق، بەللىرى ئۇلاق،
پۇتىنىڭ ئۇچىدا ساماندەك قۇلاق.
قانچە ئويناتساڭ ياڭرىتار قوشاق؟
*(ساتار)*

بېشىدا تۇلكە تۇماق؟
*(قومۇش)*

بىر ئانىدىن يۈز بالا،
يۈزىلىسى بوز بالا؟
*(قوغۇن)*

بىر دەرەختە ئون ئىككى شاخ،
ھەر شاختا ئوتتۇز يوپۇرماق.
يوپۇرماقلارنىڭ بىر تەرىپى قارا، بىر تەرىپى ئاق؟
*(بىر يىل، ئون ئىككى ئاي، ئوتتۇز كۈن، كېچە ۋە كۈندۈز)*

بىر پىيالىدە ئىككى خىل رەڭ،
ئۇنى كۆرسە قاتىدۇ، دەڭ؟

*(تۇخۇم)*

بىر ئات كۆردۇم جېنى يوق،
تومۇرىدا قېنى يوق،
قاپ بېلىدە قۇيرۇقى،
قۇلىقى ھەم بېشى يوق،
قۇچىقىدا بۇ ئاتنىڭ،
بوۋاق ياتار بۇدرۇق؟

*(بۆشۈك)*

بۇرۇن ئىدىم گۇل - غۇنچە،
كېيىن بولدۇم بىكارچە؟

*(ياشلىق ۋە قېرىلىق)*

بىر ياغاچتا قىرىق پۇتاق،
قىرىق پۇتاقتا قىرىق ئۇۋا.
قىرىق ئۇۋىدا قىرىق تۇخۇم،
پىشقاندا سېرىق بولار؟

*(بۇغداي باشىقى)*

بىر قامچام بار تۇتقىلى بولماس،
بىر ئېشىكىم بار مىنگىلى بولماس؟
*(يېلان ۋە چايان)*

بىر ئاتىسى، بىر ئانىسى،
نەچچە مىڭلاپ بالىسى؟
*(كۈن، ئاي، يۇلتۇز)*

بىر تال ئارغامچام بار،
يىغسام ـ يىغسام تۈگىمەس؟
*(يول)*

بىر دۈۋىدە يەتتە تۆشۈك؟
*(ئادەمنىڭ بېشى)*

بىر ئۆيگە كىرسەم بۇلۇڭدا،
ئاقۋاش موماي ئولتۇرىدۇ؟
*(تۇزلۇق قاپاق)*

بىر ئۆيگە كىرسەم،
قارىسامۇ قارايدۇ، قارىمىسامۇ قارايدۇ؟
*(تامنىڭ تۆشۈكى)*

بىر قارىسام مۈشۈكتەك، سىنچىلىسام مۇشتۇمدەك،
تۆمۈر تىكەن تونىنى كىيىپ، ئۆمىلەپ يۈرگەن كىشىدەك؟
*(كىرپە)*

بىر گۈمبەزنىڭ ئىچىدە مىڭ گۈمبەز؟
*(پىياز)*

ۋىڭ ـ ۋىڭ قىلار باتۇرۇم،
گىڭ ـ گىڭ قىلار باتۇرۇم.
شاپىلاق شەھىرىگە بېرىپ،
شېھىت بولغان باتۇرۇم؟
*(پاشا)*

بىرى چېچىپ،
بىرى ئىچسە،
بىرى ئۆسەر؟
*(يامغۇر، يەر، ئۆسۈملۈك)*

بىز، بىز، بىز ئىدۇق،
بىز ئون ئىككى قىز ئىدۇق.
بىر گۈمبەزگە يىغىلدۇق،
تاڭ ئالدىدا تارالدۇق؟
*(يۇلتۇز)*

بىر مۇشۇنداق كۆپ ئىدۇق،
ئوتتۇز ئىككى دوست ئىدۇق.
ئىككى تاغقا تىزىلدۇق،
بىر ـ بىرلەپ ئۈزۈلدۇق؟

*(چىش)*

بىرى تۇرار ئۇ چەتتە،
بىرى تۇرار بۇ چەتتە.
ئاۋاز چىقسا قەيەردە،
ئاڭلاپ تۇرار دىققەتتە؟

*(قۇلاق)*



بىر قارا ئارغامچام بار،
بۇ تاغدىن ئۇ تاغقا يېتىدۇ؟

*(كۆز)*

بىر ئانىدىن جىق بالا،
ھەممىسى قىزىل ئالا؟

*(ئانار)*

بىر قازى ئاخۇنۇم بار، سەپەر قىلسا
كەينىدىن تەسۋى تارتىدۇ؟

*(قوينىڭ ماياقلىشى)*

بىر قامچام بار، تۇتقىلى بولمايدۇ؟

(يىلان)

بىر قاپ، ئىچىدە ئۇن، ئۇن ئىچىدە تۈۋرۈك؟

(جىگدە)

بىر موزىيىم بار، بويۇنچىقىنى سۆرەپ يۈرىدۇ؟

(يىڭنە بىلەن يىپ)

بىر ئۆيگە كىرسەم، تاز قىز ئولتۇرىدۇ؟

(تۇزلۇق قاپاق)

بىر رەنا، ئون ئىككى دەنا، ئوتتۇز ئانا،
يىگىرمە تۆت پانا؟

(يىل، ئاي، كۈن، سائەت)

بىر سارىيىم بار، ئىچىدە لىققىدە بايۋەچچىلەر تىزىقلىق؟

(سەرەڭگە)

بىر تېرەكنىڭ بېشىدا بەش شاخ،
ھەر شاخنىڭ ئىچىدە بىردىن تۇخۇم؟

(بارماق ۋە تىرناق)

بىر توپ دەرەخ، دەرەخ ئۇستىدە بىر مەيدان،
مەيدان ئىچىدە سانسىز ئۆي،
ئۆينىڭ ھەر بىرىدە بىردىن ئادەم؟

*(ئاپتاپپەرەس)*

بىر نەرسەم بار بىلمىگەننى بىلگۇزىدۇ،
ئىچىنى ئېچىپ باقساڭ كۇلگۇزىدۇ؟

*(كىتاب)*

بىر پارچىسى سول ياقتا،
بىر پارچىسى ئوڭ ياقتا.
بىر - بىرسىنى كۆرەلمەي،
ئۆتۇپ كېتەر شۇنداقلا؟

*(قۇلاق)*

بىر يىلىنىم بار ئىككى باشلىق؟

*(ئىشتانباغ)*

بىر كۇچۇكۇم بار ئىدى، جېنى يوق،
ئۆيگە ئادەم كىرگۇزمەيدۇ.

*(قۇلۇپ)*

پاكار - پاكار بويى بار،
يەتتە قەۋەت تونى بار؟

*(پىياز)*

پاكار ئاسماندىن قار ياغار؟
(ئەلگەك)

پەتنۇسى بار، نېنى يوق،
ناخشا ئېيتار، جېنى يوق؟
سىز ئۇنىڭغا خوجايىن؟
(پاتېفون)

پىلىكى يوق، يېغى يوق،
بېرىدۇ راسا يورۇق.
ئۇزاق جايدىن سىم بىلەن
ئاڭا كېلىدۇ ئوزۇق؟
(توك)



پەس تام، ئېگىز تام،
بوي قەدرى سېمىز تام؟
(پەلەمپەي)

پۈتى يوق قاچىدۇ، قانىتى يوق ئۇچىدۇ؟
(ئىس - تۈتەك)

پۈتى يەرگە تەگمەس، بېشى ئاسمانغا،
پۈتى ئالتە، بېشى ئىككى، قۇيرۇقى بىر؟
(ئاتلىق ئادەم)

پۇتى يوق ماڭىدۇ، تىلى يوق سۆزلەيدۇ.
(قەلەم)

پۇتى ئۇنىڭ ئاچىدەك،
تۇمشۇقىدۇر قايچىدەك.
بېشىدا بار چېچىكى،
بويىندا ھەم لىپچىكى؟
(خوراز)

پىل - پىل قىلار چېچىكىم،
جىمىرلايدۇ چېچىكىم،
كۈندۈزى ئۇخلىۋېلىپ،
كېچىسى ئوينار چېچىكىم؟
(يۇلتۇز)

پىشۇرۇپ يېسەڭ ئاش بولىدۇ،
پىشۇرمىساڭ قۇش بولىدۇ؟
(تۇخۇم)

تۇپتۇز كەتكەن كوچىدا،
ئۆيلەر ئۇدۇل تۇرىدۇ.
بىر ماشىنا ئۆتسىلا،
ئىككىسى بىر رەت بولىدۇ؟
(چاپاننىڭ سىيرىتمىسى)

تېنى يەرگە كۆمۈلگەن،
تۇتاشتۇرۇپ بۇلاققا.
تولغاپ قويسا بېشىنى،
تۇكۇرىدۇ يىراققا؟
(سۇ تۇرۇبىسى)

تېشى قارا تۆت قۇلاق،
قورسىقىدۇر بىر بۇلاق.
ئىشتىهانى ئاچىدۇ،
ئۇنىڭدىن چىققان خۇش پۇراق؟
(قازان)

تىرىشچانغا بەك ئامراق،
هۇرۇنلاردىن بەك يىراق.
دۇلدۇل قىلىپ مىنىسىز،
پەرۋاز قىلىپ ئۇچىسىز.
يۇلتۇزلارغا كۆچىسىز؟
(ئىلىم ـ پەن)

تىك ـ تاك، تىك ـ تاك قىلىدۇ،
شاپىلاق يېسە كۈلىدۇ.
تىنىم تاپماي تاختىدا،
ئۇياق ـ بۇياق يۇرىدۇ؟
(تىكتاك توپ)

توخۇچىلىك جۇغى يوق،
بىر نەرسە بار جېنى يوق،
تىنىم تاپماس شەيتاندەك،
مۇز ئۈستىدە قىش كۈنى.
تونۇشمىغان كىشىلەر،
بىلمەي تۇتۇپ خۇيىنى،
تەگسە ئەگەر چىشىغا،
سۇندۇرىدۇ پۇتىنى.
بىلىۋالسا خۇيىنى،
مۇلايىمراق قوزىدىن،
نەگە دېسە چاپىدۇ،
ئايرىلماستىن پۇتىدىن؟

*(كانكى)*

تويغانسېرى ئۆرلەيدۇ،
ئاچ قالغاندا پەسلەيدۇ؟

*(شار)*

تۆت پۇتلۇق بىر خىزمەتكار،
بويى ئادەمدىن پاكار.
پۇتى تۇرۇپ ماڭمايدۇ،
ئۆزى قىمىر قىلمايدۇ.

دۇمبىسى تۈز ئەينەكتەك،
بۇرجەكلىرى جەينەكتەك؟
(ئۇستەل)

تۆمۈر تۇمشۇقلۇق،
رېزىنكە قورساقلىق،
سۇلياۋ قاپلاقلىق،
ياندا ساقلاقلىق؟
(قەلەم)

تۇنگە ئامراق، كۈنگە ئۆچ،
ئۇچالمايدۇ كۈندۈزى.
ئەسلىتىدۇ مۈشۈكنى ،
پال - پال قىلغان چوڭ كۆزى؟
(مۈشۈكياپىلاق)

تالا - تالا بالاچاق،
ئۆزى بەكمۇ يۇملاق.
بەدەن تاۋلاش ئىشىدا،
ئەھمىيەتلىك ئويۇنچاق؟
(توپ)

تاتلىق غىزا ئەمەس ئۇ،
لېكىن مۇھىم تاماقتىن.

ئاجراتمايدۇ كىشىلەر،
ئۇنى ھەرگىز ھاياتتىن؟
(ھاۋا)

تاغدىن تاغقا سەكرەيدۇ،
قار ئۇستىدە بىر كېمە.
يازدا ئۇخلاپ ياتىدۇ،
تېپىڭلارچۇ، ئۇ نېمە؟
(چانا)

تاقۇر - تۇقۇر، تاقۇچاق،
ئىچىدىكى پاقىرچاق.
ئىككى تۇلۇم ئوزۇقى،
كۆتىدىكى قوزۇقى؟
(بۆشۈك، بالا، ئەمچەك، شۈمەك)

تاغدىن ئېگىز، شىۋاقتىن پەس؟
(تاغ ئۇستىدىكى چىغىر يول)

تاياق، تاياق ئۇستىدە ئاياق (قاچا مەنىسىدە)،
ئاياق ئۇستىدە مایاق؟
(ئاپتاپپەرەس)

تام سالماي ئۆگزە ياپتىم؟
(مۇز)

تام تۆپىسىدە يېرىم كۆمەچ؟

(ئاي)

تارتسا بىر پۇتك كەلمەيدۇ،
ساتسا پۇلغا ئالمايدۇ؟
دۇنيادا قىممەت؟

(ۋاقىت)

تاشتىن قاتتىق، ناۋاتتىن تاتلىق؟

(ئۇيقۇ)

تەپتىم، دەرەخكە چىقتىم؟

(ئۈزەڭگە)

تەپسەم تەۋرىمەس،
كۆمسەم كۆمۈلمەس؟

(سايە)

تەك، تەك، تەك كىگىز،
ئوتتۇرىسى بەك ئېگىز؟

(ئاسمان ۋە يەر)

تەڭ تۇغۇلۇپ، تەڭ ئۆسكەن ئىككى قوشنا،
بىر - بىرىنى كۆرەلمەيدۇ، بۇلار ئەسلا؟
*(كۆز)*

تونۇر بېشىدا كۆك ئۆچكە؟
*(كۆل)*

تولۇن ئايدەك يۈزى بار،
بىر تال يوغان كۆزى بار.
قۇلىقى گەپ ئاڭلىماس،
ئەمما ئىشقا چارچىماس؟
*(كەتمەن)*



تۆت ئاي، يىگىرمە تۆت يۇلتۇز؟
*(ئاتنىڭ تاقىسى ۋە تاقىغا قاققان مىخ)*

تۆت پۇتلۇق، بىزنىڭ يۇرتلۇق؟
*(ئۈستەل ياكى ئورۇندۇق)*

تۆت تام ئىچىدە يۈز تال چەنزە؟
*(سەرەڭگە)*

تۆت چاسا ئۆزى، ئاپئاقتۇر يۈزى،
يوقتۇر ھېچ كۆزى، شېرىندۇر سۆزى؟
*(كىتاب)*

تۆت ئاياغلىق،
تۆمۈر تۇياقلىق؟

(ئات)

تۆت پۇتى بار، جېنى يوق،
كىرمەيدىغان ئۆيى يوق؟

(جىنازا)

تۆت قەلەندەر بىر كۆلچەككە سىيىدۇ؟

(كالىنىڭ ئەمچىكى)

تۆت قۇلاق، ئالتە پاچاق،
ئىككى كاللا، بىر قۇيرۇق؟

(ئېشەكلىك ئادەم)

تۆت پاچاق، ئارىسى بالداق؟

(كارىۋات)

تۆت لاپ ـ لاپ، ئەگرى ساپلاپ،
ئىككى دىڭ ـ دىڭ، بىر شىپ ـ شىپ؟

(تۆگە)

تۇغۇلغاندا يېپىشار؟

(ئىسىم)

تۇتسا تاش، ياقسا ئوتۇن؟
(تاشكۆمۈر)

تۇۋى يىغىلغان،
بېشى چېچىلغان؟
(چىغ)

تۇكۇرىدۇ بېلى مايماق،
تۇكۇرۇكى كېتەر ئۇزاق؟
(مىلتىق)

تۇۋى بىر تال، ئۇچى مىڭ تال؟
(ئۈزۈم بارىڭى)

كۆكتە تۇگمەن تاش تۇرىدۇ،
قارىساڭ كۆزۈڭنى قاماشتۇرىدۇ؟
(قۇياش)

تاغ ئۈستىدە تۇرۇپ پۈركۈسە،
ئاغزىدىن چىققان ھور ئالەمنى قاپلايدۇ؟
(چاڭ ـ توزان)

تىرىك كېلىپ ئوينىشىپ،
نان سورايدۇ ئۆلۈكتىن.

ئۆلۈك دەرھال « كاپ » قىلىپ،
جان سورايدۇ تىرىكتىن؟

*(تاختىمۇشۇك)*

تىرىك ئۆلۈك تۇغىدۇ،
ئۆلۈك تىرىك تۇغىدۇ؟

*(تۇخۇم)*

تېشى ئالەمەت، ئىچى قىيامەت؟

*(تونۇر)*

تېشى سىرلىق، ئىچى زەھەر؟

*(قىزىلمۇچ)*

تېپىشماقۇ تېپىشماق، كاسىسىغا يېپىشماق؟

*(ئىشتان)*

تېپىشماقۇ تېپىشماق، ئات كەينىگە يېپىشماق؟

*(قۇشقۇن)*

تېشى سىرلاقلىق، ئىچى مىخلاقلىق؟

*(ئانار)*

تەپتىم، تىرەككە مىندىم.
ئۇ نىمە؟

*(ئات)*

تىنى بەش، جىنى تۆت، باردۇر ئۇنىڭ يۈز تىرنىقى،
بۇ ئاجايىپ ئىش ئەمەسمۇ، بەشى بىرىپ تۆتى قايتقىدىنى؟

*(تاۋۇت كۆتۈرگەن تۆت كىشى بىلەن جەسەت قوشۇلۇپ بەش تەن؛ تاۋۇت كۆتۈرگۈچى تۆت جان؛ ھەر ئادەمدە يىگىرمىدىن جەمئىي يۈز تىرناق؛ جەسەت لەھەتتە قالدى، تاۋۇت كۆتۈرگۈچى تۆتى قايتتى.)*



خوپ ياراشقان تاجىسى،
ئىسىل كىمخاپ تونى بار.
تاڭ سەھەردە ئاڭلىساڭ،
زەپ چىرايلىق ئۈنى بار؟

*(خوراز)*

خىللىرىنىڭ سانى يوق،
شەكلى ئۇنىڭ خۇددى ئوق.
ئاق دېڭىزدا يۈگۈرتسەڭ،
مەزمۇن بىرەر ئوپئوچۇق.
يۈگۈرمەيدۇ غىچىلداپ،
رەڭگى سۇنى ئىچمىسە.

ساڭا يولداش ھەم سىرداش،
ئويلاپ تاپقىن، بۇ نېمە؟

(قەلەم)

جېنىمنىڭ جانانىسى، يۈرىكىمنىڭ سەدپارىسى،
بۇ ئادەمنىڭ ئانىسى، مېنىڭ ئانامنىڭ قېينانىسى؟

(دادىسى)

جېنى يوق بىر جانىۋار ئۇچقاي ھاۋادا،
بولمىغاي ئات ـ تۆگە، پىلدىن ئۇ ياۋا.
يىغا يىغلايدۇ، ئۇنىڭ يوقتۇر كۆزى،
سۆز قىلىدۇ، تىلى يوق، باردۇر ئۆزى،
ئول ئاجايىپ ئوينىغايكىم جانى يوق،
خۇش ئاجايىپ كۈلكىسىدۇر ئاغزى يوق؟

(بۇلۇت)

چىڭ تۇتسىڭىز ئۈزىرايدۇ،
تۇتمىسىڭىز قىسقىرايدۇ.
كۆزگىمۇ كۆرۈنمەيدۇ.
سېتىۋالغىلى بولمايدۇ.
تۇتمىسىڭىز سىز ئۇنى،
بولار ئىسراپ ئىنتايىن،

چىلك تۇتسىڭىز بولىسىز،
بۇ ئالەمگە خوجايىن؟
*(ۋاقىت)*

چۆرىسى ياغاچ تاختا، ئوتتۇرىسى ئاق پاختا؟
*(غوزا)*

«چۇ! - چۇ!» دېسەم جېنى يوق،
بوغۇزلىسام قېنى يوق؟
*(تام)*

چىشلىرى ئۈستۈن تۇرار،
گۆش بەرسە چىشلەپ تۇرار؟
*(كانار)*

چېچىكى يوق مېۋە، تېپىڭلارچۇ ئۇ نېمە؟
*(ئەنجۈر)*

«چىغىر» دا يوق، «يول» دا بار،
«قۇدۇق» تا يوق، «كۆل» دە بار.
«غۇنچە» دە يوق، «گۈل» دە بار،
تېپىپ كەلگىن «چۆل» دە بار؟
*(«ل» تاۋۇشى ياكى ھەرپى)*

دادىسى ئەگرى ـ دوناي، بالىسى
شېرىن ـ شېكەر،
ئوغلى هارامزادە،
قىزى شېرىنزادە؟

*(ئۈزۈم)*

داڭقى داستان بىرقۇش بار،
باتۇرلۇقى ئالامەت.
بۆرە، تۈلكە قاچالماس،
چاڭگىلىدىن سالامەت؟

*(بۈركۈت)*

دۇنيادا بىر يۈگۈرۈك بار، بىرلا كۆزى پارلىغان،
مىڭلاپ كىشى، سانسىز يۈكنى ئارقىسىغا باغلىغان؟

*(پاراۋوز)*

دۈپۈر ـ دۈپۈر ئات كەلدى،
چىقىپ قاراڭ بەگ كەلدى.
كەينىدىن ئۈچ ـ تۆت كىشى ،
قوناق تېرىپ ئەكەلدى؟

*(چاشقان)*

دۇنيادا بار بىر نەرسە،
قىممەت ئۆزى ئالتۇندىن.

ئۆتۈپ كەتسە كەلمەيدۇ،
ئارقىغا يېنىپ قايتىدىن؟

*(ۋاقىت)*

دۇپدۇگىلەك بىر قۇتا ،
ئوتقا سالسام مۇز تۇتار؟

*(تۇخۇم)*

دۇمبىسى ئالدىدا، قورسىقى كەينىدە؟

*(پاچاق)*

دەيسىز ئۇنى نۇر بۇلاق،
هارارىتى ئوت - يالقۇن.
هاياتلىققا تايانچى،
كىرپىكلىرى نۇر - ئالتۇن.
ئىسسىقلىقتا چېكى يوق،
تېپىڭلارچۇ ئۇ نېمە؟

*(قۇياش)*

دەريالاردا بولىدۇ،
تۇرلۇك - تۇمەن ئېسىل تاش .
سىز بىلەمسىز ئېيتىڭا،
سۇدا بولماس قانداق تاش؟

*(قۇرۇق تاش)*

خۇدايىمنىڭ بۇيرۇقى،
دۈمبىسىدە قۇيرۇقى؟

*(تۆگە)*

جېنى يوق سۆزلەيدۇ؟

*(رادىئو)*

جېنى يوق ماڭىدۇ مەنزىلسىرى،
چىقالماي چەمبەرسىمان ئايلانمىدىن.
ھەممىمىز بەكمۇ موھتاج ئۇ نەرسىگە،
كۆپ كۆرگەن، قول ۋە ئۆي، قوللانمىدىن؟

*(سائەت)*

جىرىڭ ـ جىرىڭ،
ئىلدام كېلىڭ.
يىراقتىن تۇرۇپ
سۆزلىشىپ ئېلىڭ؟

*(تېلېفون)*

جېنى ياتسىلا تۇپراقتا،
سەمرىيدۇ بارغانچە.
قېرىغاندا يۈزى تاتۇق،
تاتلىقلىقتا قەنتتىن ئارتۇق؟

*(قوغۇن)*

دەرەخ بېشىدىن تاشلىسا سۇنماس،
كۆۋرۈك ئۇستىدىن تاشلىسا سۇنار؟
*(قەغەز)*

دۇنيادا نېمە قاتتىق؟
*(يوقسۇزلۇق)*

دۇنيادا نېمە يۈگۈرۈك؟
*(كۆڭۈل)*

ساندۇقى بار، يىپى بار،
ئۆزى تۇرار جىمغىنا.
بۇراپ قويساڭ جىرىڭلار،
سېنىڭ بىلەن سۆزلىشەر؟
*(تېلېفون)*

سورىساڭلار جېنى يوق،
جېنى باردىن تېز ئۇچار؟
*(ئايروپىلان)*

سومكىدا بار كەپتىرىم،
قاناتلىرى ئەجەب كۆپ.
رەڭگىرويى ئوخشاشماس،
تومۇرلىرى قىزىل - كۆك؟
*(دەپتەر)*

سوزۇنچاق ھەم ئىنچىكە،
بىر تال كىچىك تاياقچە.
قارا ئۆچەي ئىچىدە،
ئىشلەيدۇ كۈندۈز ـ كېچە؟
*(قېرىنداش)*

سوغۇق بولسا مەي باغلاپ،
ئەجەب تاتلىق پىشىدۇ.
ئىسسىق بولسا ساپاقتىن،
يەرگە ئېرىپ چۈشىدۇ؟
*(چوكا مۇز)*

سۈنى كۆرسە تىنىمسىز،
ھايۋان ئىچىدە تىلسىز.
ئالتۇن تەڭگە شىرنىلىك،
مېۋە ئىچىدە گۈلسىز.
ئىككىسىنىڭ قەدرىنى،
يەپ باقسىڭىز بىلىسىز؟
*(بېلىق بىلەن ئەنجۈر)*

سىرلىغاندەك قىپقىزىلدۇر، بۇرنى ئۇچلۇق،
ئاچچىقى جاللاتچە باردۇر، يۈزى قورۇق.

قورسقىنى يارغان چاغدا كۆرىسىز،
ئىچىدىكى بالىلىرىنىڭ سانى يوق؟
*(قىزىلمۇچ)*

سىرىق چاپان كىيگىنى،
گۈل - گىياھتۇر يېمىكى.
تەنگە داۋا پوقى بار،
لېكىن ئۆيى بەكمۇ تار؟
*(ھەسەل ھەرىسى)*

سېپى زەھەر، يېشى ئوت،
چىقار ئۇندىن سىسىق دۇت.
ساغلام بەدەن بولالماس،
كىمكى قىلسا ئۇنى دوست؟
*(تاماكا)*

ساندۇقۇمدا جىق ئوق،
ئەتىسى قوپسام بىرى يوق؟
*(يۇلتۇز)*

سەللىلىك مەزىناخۇنۇم،
ئالىچىپار قۇشناچىم،
تاپسا ھالال يەپتۇ،
تاپالمىسا ھارام؟
*(خوراز بىلەن مېكىيان)*

ساما سالار سامادا،
ئۆيى بولسا كاماردا.
شەپە بېرىپ يامغۇردىن،
ۋىچىرلىشار ھاۋادا؟

*(قارلىغاچ)*

سۇغا سالساڭ چۆكمەيدۇ،
ئوتقا سالساڭ كۆيمەيدۇ.
يەرگە كۆمسەڭ چىرىمايدۇ،
تېپىڭلارچۇ ئۇ نېمە؟

*(ئادەمنىڭ ئىسمى ياكى سايىسى)*

ساڭا توغرا بولسامەن، پىخىلدايسەن كۈلىسەن،
ماڭا توغرا بولساڭ سەن، مەنمۇ كۈلۈپ قويىمەن.
سەل نېرىغا كەتسەملا، قەيەرگىدۇر مۆكىسەن؟

*(ئەينەك)*

سەپپە ـ سەپپەڭ سېپى بار،
بۇرنى پۇچۇق تىلىقلىق،
كىندىكىگە ئىلىقلىق،
قورسىقىدا لىپمۇلىق،
قىزىل ياقۇت تىزىقلىق؟

*(ئانار)*

سەندە باردۇر، مەندە باردۇر، ئادەمدە يوق،
ھەر كىشىدە بولسا باردۇر، ئالەمدە يوق؟

*(چېكىت)*

سەمرىسە سەكرىشى كۆپ،
ئورۇقلىسا يېتىشى كۆپ؟

*(توپ)*

سېرىق بالام ئىچكىرى،
ساقاللىرى تاشقىرى؟

*(سەۋزە)*

سوقا چۆگۈنۈمنىڭ ئىشى تاتلىق؟

*(يىلنىك)*

سوكۇلدايدۇ سوكى يوق،
دوكۇلدايدۇ دوكى يوق،
تېرىسى قېلىن، تۈكى يوق؟

*(ھاسا)*

سۇغا كىرسە بىر بولار،
سۇدىن چىقسا مىڭ بولار؟

*(يۇڭ)*

## ھېيىۋانلار تېپىشماقلار

توخۇ، توشقان ئەللىك، پۇتلىرى يۈز ئىككى، توخۇ قانچە، توشقانچۇ؟

*(توخۇ قىرىق توققۇز، توشقان بىر)*

توخۇ، توشقان ئون سەككىز،
پۇت - قوللىرى قىرىق سەككىز.
توخۇ بىلەن توشقاننى
سىز ئايرىپ بېرەلەمسىز؟

*(توخۇ ئون ئىككى، توشقان ئالتە)*

تۆت بۇلۇڭدا تۆت مۈشۈك،
ھەر مۈشۈكنىڭ ئالدىدا ئۈچتىن مۈشۈك،
ھەممىسى قانچە مۈشۈك؟

*(تۆت مۈشۈك)*


ياغچىنىڭ بىر قاپاقتا ئون جىڭ يېغى بولۇپ، ئۇنى

ئىككى كىشىگە تەڭ بۆلۈپ بەرمەكچى بولۇپتۇ، لېكىن ياغچىنىڭ جىگى يوق ئىكەن، پەقەت ئۈچ جىڭلىق ۋە تۆت جىڭلىق ئىككى كەمچىنى بار ئىكەن، ئەمدى بۇنى قانداق بۆلۈش كېرەك؟

*(دەسلەپ تۆت جىڭلىق كەمچەندە بىر مايىنى ئۈچ جىڭلىق كەمچەنگە قۇيۇپ، بىر جىڭنى ئايرىۋېلىپ، ئاندىن تۆت جىڭلىق كەمچەن بىلەن بىرنى قۇيسا بولىدۇ.)*

قىرىق ئىككى قۇشقاچ ئۇچۇپ كەلدى ـ دە، قاتار تۇرغان ئالتە تېرەككە بۆلۈنۈپ قوندى. ئىككىنچى تېرەكتىكى قۇشقاچلارنىڭ سانى بىرىنچىسىگە قارىغاندا ئىككىسى ئوشۇق، بەشىنچى تېرەكتىكىنىڭ سانى بولسا بىرىنچىسىگە قارىغاندا بەش ھەسسە ئوشۇق ۋە ئۈچىنچىسىگە قارىغاندا تۆتى ئوشۇق، ئالتىنچى تېرەكتە ئون ئىككى قۇشقاچ بار، تۆتىنچى تېرەكتىكىلەر بولسا بۇنىڭدىن تۆتى كەم، ھەر بىر تېرەكتە قانچىدىن قۇشقاچ بار؟

*(بىرىنچىسىدە ئىككى، ئىككىنچىسىدە تۆت، ئۈچىنچىسىدە ئالتە، تۆتىنچىسىدە سەككىز، بەشىنچىسىدە ئون، ئالتىنچىسىدە ئون ئىككى قۇشقاچ بار.)*




ISBN 978-7-228-10853-4
9 787228 108534 >
定价:3.50元